# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
18
چارشەنبە
维吾尔文 12 月18日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24913 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## جىن ھېسسىيات، چوڭقۇر مۇھەببەت خاۋجياڭ دەرياسىغا باغلاندى يۆلىنىش بەلگىلەپ، يول باشلاپ يېڭى سەھىپە نامايان قىلىندى

### ـــــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاۋ بو، گو شىن، شى لۇڭخۇڭ، يۈ جيا

بوشلۇقتىن پەسكە قارىغاندا، ئاۋمېن يېرىم ئارىلى خۇددى بىر تال نېلۇپەر گۈلىدەك ۋەتىنىمىزنىڭ نەنخەي دېڭىزى ساھىلىدە پورەكلەپ تۇرىدۇ. ئاران 30 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان يېرى، 600 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار بۇ شەھەرگە باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھەببەت رىشتى، قەلب رىشتى باغلانغان.

يىللار بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى. مەيلى كۆزدىن كەچۈرۈش، زىيارەت قىلىش ياكى ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ باش مەمۇرى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەم ھەرساھە زاتلار بىلەن كۆرۈشكەندە بولسۇن، مەيلى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىدا سۆز قىلغاندا ياكى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئاۋمېن شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرغاندا بولسۇن،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسى دېڭىز ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى

### شى جىنپىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى



12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسى بولغان «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا خەينەن سەنيادىكى مەلۇم ھەربىي پورتتا دېڭىز ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم ئاۋىياماتكىغا چىقىپ كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىغا چىقىپ ھۆرمەت قاراۋۇلىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى




12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسى بولغان «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا خەينەن سەنيادىكى مەلۇم ھەربىي پورتتا دېڭىز ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم ئاۋىياماتكىغا چىقىپ كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاۋىياماتكىنى ئۆتكۈزۈۋالغان قىسمىغا ئارمىيە بايرىقى، نام بېرىش گۇۋاھنامىسى بەرمەكتە.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، سەنيا، 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۈەنلياڭ، لى يۈن)** دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تۇنجى ئاۋىياماتكىسى بولغان «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەينەن سەنيادىكى مەلۇم ھەربىي پورتتا دېڭىز ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

نەنخەي دېڭىزى ساھىلىدىكى سەنيادا سۇ بىلەن ئاسمان بىرخىل رەڭدە ئىدى، ھاۋا ئىللىق بولۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى. ھەربىي پورتتا، «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا دولقۇن ئۈستىدە تىپتىنچ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھەممە يېرىدە بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى، دېڭىز ئارمىيە قىسمى ۋە ئاۋىياماتكا قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بولۇپ تەخمىنەن 5000 ئادەم پىرىستاندا رەتلىك سەپكە تىزىلىپ تۇردى، كەيپىيات داغدۇغىلىق، قىزغىن ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش، سەپكە كىرگۈزۈش مۇراسىمى باشلاندى، پۈتۈن مەيداندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرى ئۈنلۈك ئوقۇلدى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا ئاستا كۆتۈرۈلدى. ھۆرمەت قاراۋۇلى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىقى، نام بېرىش گۇۋاھنامىسىنى قوغداپ، ھۆرمەت قەدەم بىلەن مېڭىپ رەئىس سەھنىسى ئالدىغا كەلدى. شى جىنپىڭ 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىقى، نام بېرىش گۇۋاھنامىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «شەندۇڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىنىڭ ئاۋىياماتكا باشلىقى، جېڭۋېيىغا بەردى. شەندۇڭ ناملىق ئاۋىياماتكىنىڭ ئاۋىياماتكا باشلىقى، جېڭۋېيى شى جىنپىڭغا ھۆرمەت سالىمى بەردى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرايلى

### ـــــ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ بىر چوڭ ئەۋزەللىكى. پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پۈتۈن پارتىيەنىڭ كېلەر يىللىق خىزمەتلىرىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى ئىكەنلىكى گەۋدىلىك تەكىتلەندى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ھەققىي تۈردە پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشى ئېنىق تەلەپ قىلىنىپ، بىزنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئاشقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىش ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلىيالىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بىزنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە يەرلىك ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىمىزدا. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىش ۋە جەمئىيەت ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشتەك «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نى يارىتالىشىمىز شۈنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو ئىقتىسادى بىر غايەت زور پاراخوت، ھەجمى قانچە چوڭ، دولقۇن قانچە چوڭ بولغانسېرى، رولچى بولۇپ يول باشلاش شۇنچە مۇھىم بولىدۇ. ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ھەققىي ئەھۋالنى ياپالمايدۇ ـــــ

## تېخىمۇ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز

4 ـ بەتتە

## دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى　مەمتىمىن ياسىن

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناق ـ مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن ـ تەرەققىي قىلغان، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاۋاتقان رېئاللىقىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەققىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى بۇرمىلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى　مەمەتجان ئەمەت

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا رەزىل نىيەتتە تۆھمەت قىلىپ ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە رەزىل نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى. بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچەمنى تولۇق ئاشكارىلىدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر سۆز قىلدى شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە بۇ يىلدىن بۇيانقى ئىقتىساد خىزمىتىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەپ، ھازىرقى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، سىياسەت يۆنىلىشى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا



12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. □ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بۇ 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى ۋە تۈپ مىزانى. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇقىملىق ئاساسىدا يۈكسەلدۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلايلى

### ـــــ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ بىزنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشىمىزدا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«پىروگرامما ئېنىق بولسا، تارماقلىرىمۇ ئېنىق بولىدۇ، يىلتىز قاياققا سوزۇلسا، ئۇچ تەبىئىي ئەگىشىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىنىپ، بايراق كۆتۈرۈلۈپ نىشان بەلگىلىنىپ، پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلەندى، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ئەمەلىيەتچىل، يېڭىلىق يارىتىلغان بولۇپ، بۇ يىلدىن بۇيانقى ئىقتىساد خىزمىتى سىستېمىلىق خۇلاسىلىنىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)